ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# ليۇ خۇلەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

شىڭ ميەن

# ليۇ خۇلەن

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇن ئابلىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

刘胡兰/杏绵编著；吐尔洪·阿布里孜译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.6（2007.4重印）
（少年红色经典）
ISBN 978-7-228-10284-6

Ⅰ.刘... Ⅱ.①杏...②吐... Ⅲ.儿童文学—革命故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2006）第063323号

策　　划：艾克拜尔·艾力
责任编辑：木尼拉·木沙江
责任校对：阿依古丽·阿西木

**刘胡兰**（维吾尔文）

吐尔洪·阿布里孜　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　5.875印张　2插页
2006年7月第1版　2009年2月第3次印刷
印数：7061—11060

ISBN 978-7-228-10284-6　定价：10.00元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月第 1 版， 2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنىرە مۇساجان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ھاشىم

# ليۇ خۇلەن

تەرجىمە قىلغۇچى : تۇرغۇن ئابلىز

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 5.875 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 11060——7061
ISBN 978 —7 —228 —10284 —6
باھاسى : 10.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايىلەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈمدىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىزلىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

سادىدا ھەم كۈچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، تىوقىۇ-نۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىل-لىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسۇنازلار-نىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۇرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجا-دىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېقىنلىق تۇيغۇسى ۋە ئوقۇش-چانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدى-لىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇس-لۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستې-تىك رولغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلا-بىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرى-مانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىن-لىشىش، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىن-قىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۇز-لۇكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈ-مىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە


ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىدە ئۆتكەن بالىلىق ........................ 1
ئۆگىنىش كۇرسىغا بېرىش .............................. 7
ليۇ خۇلەن ئۆيگە قايتتى ................................ 17
يۇقىرىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ................................ 21
پاختا ئېگىرىش .......................................... 34
قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىق ................................ 50
دوڭپۇغا بېرىش .......................................... 65
كومپارتىيىگە كىرىش ...................................... 75
غەيۋەتتىن قورقماسلىق .................................... 85
ئۇنىڭ تاللىشى .......................................... 95
دۈشمەنگە يولۇقۇپ قالدى .................................. 103
قىيىنچىلىق ئىچىدىكى كۈرەش .............................. 116
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھۆكۈمەتنىڭ ئېلانى.......... 129
بۇ قانداق ھىيلە .......................................... 138
رايون باشلىقى ئېلىپ كەلگەن خەۋەر ........................ 144
ۋەھشىيلىك قۇترىغان كۈن .................................. 153
قەيسەرلىك .............................................. 163
ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق ................................ 168
قەھرىمانىنىڭ خىسلىتى مەڭگۈ ئۆلگە .......................... 178

1 ليۇ خۇلەن

# ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىدە ئۆتكەن باللىق

سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشۈي ناھىيىسىدىكى ئىككى يۈز نەچچە ئائىلىسى بار يۈنجۈشى كەنتى قەھرىمان قىز ليۇ خۇلەننىڭ يۇرتى ئىدى.

ليۇ خۇلەن ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئاتىسى ليۇ جىڭچيەن بوۋىسىغا ئوخشاش ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، ئاددىي ـ ساددا، جىمغۇر ئادەم ئىدى. تاغىسى ليۇ گۇاڭچيەن ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدىكى بىر مىلىچماللار دۇكىنىدا ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ ئائىلىدىكى خېلى كۆپ ئىش كۆرگەن ئادەم سانىلاتتى. ئەمما، بۇ ئائىلىگە مومىسى خوجايىن ئىدى. ئوغۇل ـ كېلىنلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، بوۋىسىنىڭ گېپىمۇ ئاقمايتتى. ھەممە ئىشتا مومىسىنىڭ دېگىنى ھېساب ئىدى. بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر چاسا قورۇدا ئولتۇراتتى، ئۇن نەچچە مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. ئەرلەر ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلسا، ئاياللار يىپ ئېگىرىپ، كەشتىچىلىك قىلىپ تېجەشلىك كۈن ئۆتكۈزەتتى، ئادەتتە كەچلىرى ياغ تېجەش ئۈچۈن چىراغ ياندۇرمايتتى. مول ھوسۇل ئالغان يىللاردا بولۇشىچە يەپ ـ ئىچمەي، قەھەتچىلىك مەزگىللىرىدە ئاچ قالماي ياشايتتى.

لىيۇ خۇلەن بۇ ئائىلىدىكى نەۋرىلەرنىڭ چوڭى ئىدى. لىيۇ خۇلەن تۇغۇلغان چاغدا مومىسى «ئوغۇل تۇغۇلمىدى» دەپ ئاغرىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرقېتىم لىيۇ خۇلەنگە قارىغىنىدا ئۇھسىنىپ قوياتتى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندە، ئانىسى يەنە ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالدى، مومىسى كۈن بويى دېگۈدەك تەڭرىدىن بىر ئوغۇللۇق بولۇشنى تىلەيتتى، ئەمما ئاخىر يەنىلا بىر قىز تۇغۇلدى، ئەمدى موماي خاپا بولۇپ: «لىيۇ جەمەتىنىڭ چىرىغى سىلەرگە كەلگەندە ئۆچۈپ قالىدىغان بولدى. تۇغمىغىنى تۇغمىغان (ھامىسى تېخىچە تۇغماي يۈرەتتى)، تۇغقىنى ساپلا قىز تۇغقان» دەپ كايىپلا كەتتى. ئانىسىنىڭ سالامەتلىكى ئەزەلدىنلا ناچار بولغاچقا، ئىككىنچى قىزى لىيۇ ئەيلەننى تۇغۇپ ئىككى يىل بولا ـ بولمايلا كېسەل بىلەن قازا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن لىيۇ خۇلەن بىلەن لىيۇ ئەيلەن ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى مومىسى بىلەن قالدى. لىيۇ خۇلەن سىڭلىسىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، تامىقىنى يېگۈزۈپ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ قوياتتى، ئاچا ـ سىڭىللار كۈندۈزى بىللە ئوينىسا، كېچىلىرى بىللە ئۇخلايتتى. لىيۇ خۇلەن سىڭلىسىغا بەك ئامراق بولغاچقا ئالاھىدە كۆيۈنەتتى، ئۇ سىڭلىسىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىدى.

يۈنجۈشى كەنتى ئوتتۇرا سەنشى تۈزلەڭلىكىدىكى چىشيەن ناھىيىسى، جياۋچېڭ ناھىيىسى ۋە ۋېنشۈي ناھىيىسىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىدە بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە 8 ـ ئارمىيە، پارتىزانلار، يەرلىك خىزمەتچى خادىملار دائىم كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. بۇ كەنتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھاكىمىيەت، دېھقانلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى، ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى، ئاياللار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار قۇرۇلغان،

يەنە تېخى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى باشلانغۇچ مەكتەپمۇ قۇ-رۇلغانىدى. لىۇ خۇلەن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيمەن، دەپ غەلىۋە قىلغاندا مومىسى: «قىز بالا ئوقۇسا قانداق بولىدۇ؟ ئوقۇپ نېمە بولماقچىدىڭ؟» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. كېيىن كەنت ھۆكۈمىتى ئوقۇش يېشىغا توشقانلىكى باللار مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى كېرەك، دەپ ئۇقتۇرۇش چۇشۇرگەندە، مومىسى ھۆكۈمەت بىلەن تەك كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىلاجسىز لىۇ خۇلەننى مەك-تەپكە بارغىلى قويغانىدى. لىۇ خۇلەننىڭ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەل-گە ئاشتى، ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپكە بېرىپ خەت ئۆگىنىپلا قالماي يەنە تېخى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگەندى، خىلمۇخىل ئويۇنلارنى ئوينىدى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ كۆڭۈل-لۈك ئۆتمەكتە ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بۇنداق كۆڭۈللۈك كۈنلە-رى ئىككى يىلدىن كېيىن ئاخىرلاشتى.

1940 ـ يىلدىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇ-رۇش باشلانغان چاغدا سەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا چېكىنگەن يەن شىشەن ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈپ، «ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق»، «كومپارتىيىگە بىرلىكتە قار-شى تۇرۇش» كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن ياپون ئالۋاس-تىلىرى نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ ياپونغا قارشى بازىلىرىمىزنى پىلە قۇرتىدەك يۇتۇۋالدى ھەم تۇزلەڭلىكتە «ئا-مانلىق ساقلاشنى كۈچەيتىش» نى يولغا قويدى. ياپون ئارمىيىد-سى، قورچاق ئارمىيە، خائىن ۋە يالاقچىلار يۇنجۇشى كەنتىگە كېلىپ نوپۇس ئېنىقلاش باھانىسىدە پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلغىلى تۇردى. لىۇ خۇلەن ئەمدى مەكتەپكە بارالمايدىغان بول-دى. ئۇ ھەر كۈنى مومىسى بىلەن سىرتقا چىقماي يىپ ئېگىرىش-نى، يىگنە ـ يىپ ئىشىنى ئۆگىنىدىغان بولدى. بۇ دەل مومىسى-

نىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقتى. مومىسى دائىم ئۇنىڭغا ئادەم بو- لۇش قائىدىلىرىنى ئېزىپ ئىچۈرەتتى، ھەر كۈنى ئۇنى بۇدسا- تىۋانىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، كۈجە كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالاتتى. بە- زىدە ئىچى پۇشۇپ كەتكەن ليۇ خۇلەن يىپ - يىڭنىسىنى ئېلىپ جىن شياڭ، يۇ ليەنلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ مۇڭدىشاتتى.

ياپون ئالۋاستىلىرى «ئامانلىق ساقلاشنى كۈچەيتىش» نى يۈرگۈزگەن دەسلەپكى چاغلاردا ليۇ خۇلەن ياپونغا قارشى ھاكى- مىيەت ئەمدى يوق، دۆلەت مۇنقەرز بولدى، دەپ ئويلاپ تولىمۇ بىئارام بولغانىدى. ئەمما كېيىنچە ئۇ ياپونغا قارشى ھاكىمىيەت- نىڭ يوشۇرۇن پائالىيەتكە كۆچكەنلىكىنى بىلدى. ئىلگىرىكى يا- پون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھاكىمىيەتنىڭ كەنت باشلىقى چېن جاۋدې، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى شى شىفاڭ كەنتتە مى- لىچمال دۇكىنى ئېچىپ تىجارەت قىلىۋاتقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ياپونغا قارشى خىزمەتنى مەخپىي قانات يايدۇرۇۋاتاتتى. جىن شياڭ بىلەن يۇ ليەنلەرنىڭ ئۆيى ئۇلارنىڭ خىزمەت نۇقتىسى ئىدى. جىن شياڭنىڭ ئۆيىدە شىرەم تاغام دەپ ئاتىۋالغان بىر تۇغقىنى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى. ياپون ئالۋاستىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ليۇ خۇلەن بۇ كىشىنىڭ بىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى خىزمەت پونكىتىمىزنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ليۇ خۇلەن دائىم جىن شياڭ، يۇ ليەنلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بۇ كادىرلار بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ قالغاچقا، ئۇلاردىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بەزى ھەقىقەت- لەرنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچى ئېشىپ، كوم- پارتىيىنىڭ قىلىۋاتقان ئىنقىلابىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتى. ليۇ خۇلەن ئۇلاردىن يەنە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى با-

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

زىلاردىكى ئارمىيە ـ خەلقنىڭ قان تۆكۈشتىن، قۇربان بېرىشتىن قورقماي دۈشمەن بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلغانلىقىدەك تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى ئاڭلىدى. بۇلار ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بازىنىڭ رايون باشلىقى جاڭ يۈيى يۇنجۇشى كەنتىگە بەش چاقىرىم كېلىدىغان جاۋ قورۇقىدا دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ ئېغىر يارىلىنىدۇ. خائىن ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بازىنىڭ رايون باشلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قېلىپ ئۇنى دۈشمەن بازىسىغا ئاپىرىپ سوراق قىلىش ئۈچۈن ئاپتوموبىلغا سېلىپ ئېلىپ ماڭىدۇ. جاڭ يۈيى ئەسىرگە چۈشۈپ قالماسلىق ھەم خىزمەت مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن مىڭ تەسلىكتە تىرمىشىپ تۇرۇپ ئاپتوموبىل چاقىغا سوقۇلۇپ مەردانىلەرچە قۇربان بولىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر خۇ فامىلىلىك رايون باشلىقى يۆتكىلىپ كېلىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە دۈشمەنلەر يۇنجۇشى كەنتىنى قورشىۋېلىپ، ھەممىلا يەردە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كادىرلارنى ئاختۇرىدۇ. رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى ئالاقىچىسى ۋۇ جەنكۈي بىلەن ۋاڭ شىشىن خۇ فامىلىلىك رايون باشلىقىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن كوچىدا دۈشمەن بىلەن ئېتىشىپ كەنت سىرتىغا قاچقاچ تازا ۋارقىرايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ دۈشمەننى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ خۇ رايون باشلىقىنى قوغداپ قېلىش تاكتىكىسى ئىدى. نەتىجىدە خۇ رايون باشلىقى قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ھېلىقى ئىككىيلەن قۇربان بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا دۈشمەنلەر دائىم كەنتكە كېلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كادىرلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاممىنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئالاتتى. جىن شياڭنىڭ ئانىسى لى يىفاڭ

بىر قېتىم دۈشمەنىنىڭ قاتتىق قىيىن - قىستىقىدا ئۆلۈپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، ھەتتا پاچاقلىرى ئىتقا چىشلىتىلىپ تىتما - تىتما قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە يامپۇن باسقۇنچىلىرىغا قارشى كادىرلارنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى زادىلا ئاشكارىلىمىدى.

مانا مۇشۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ قەھرىمانانە ئىش - ئىزلىرى لىيۇ خۇلەنىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. بۇلار ئۇنىڭ كېيىنچە مەردانىلىك بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتنىششى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئاساس سالغانىدى.

# ئۆگىنىش كۆرسىغا بېرىش

1945 ـ يىلقى كۈز ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى تىنچ كەلگەن تۇنجى مول ھوسۇل پەسلى ئىدى.

بىر كۈنى كەچتە لیۇ خۇلەن ئېتىزلىقتىن پاختا يىغىپ قايتىپ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، جىن شياڭ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ لیۇ خۇلەننى كۆرۈپلا ئالدىغا كېلىپ:

— مەن ئۆگىنىشكە بارىدىغان بولدۇم، — دېدى.

لیۇ خۇلەن ئۇنىڭ ئاياللار مەشىق كۇرسىنى دەۋاتقىنىنى بىلەتتى. نەچچە كۈن ئىلگىرى رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرى لۇ مېي ئۇلارغا گۆەنجياباۋدا ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ مەخسۇس ئايال ئاكتىپلارنى تەربىيىلەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئەمما لیۇ خۇلەن بۇ كۇرسنىڭ شۇنچە تېز ئېچىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

— سەندىن باشقا يەنە كىملەر بار؟ — دەپ سورىدى لیۇ خۇلەن تولىمۇ قىزىقىپ.

— جاڭ يۈيىڭ، يەن فاڭجېن، لى مىڭگۇاڭلار بار، پەقەت سەن بىلەن يۇ ليەن ئىككىڭلارلا يوق، — دېدى جىن شياڭ.

لیۇ خۇلەن «ئۇلار بىرلىكتە تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ، يەنە جىن شياڭمۇ بار ئىكەن، نېمىشقا يۇ ليەن بىلەن ئىككىمىز يوق؟ يېشىمىزنى كىچىك دەپ ئويلاشتىمىكىن دېسە، جىن شياڭنىڭ

يېشى مەندىن بىر ياش كىچىك، ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىردى؛
شەرتىمىزنى توشمامدىكىن دېسە، بىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئويـ-
ناپ چوڭ بولغان تۇرساق. ياپون ئالۋاستىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
قورچاق گوماشتىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا ئۈچەيلەن
يوشۇرۇنچە كەنتىمىزگە كەلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
كادىرلارغا كۆزەتچىلىك قىلىپ خەۋەر يەتكۈزۈپ بەردۇق. يېقىنـ-
دىن بۇيان يەنە ئاياللار خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاكتىپـ-
لىرىدىن بولۇپ قالدۇق. مەدەنىيەت سەۋىيەمنى تۆۋەن كۆرۈپ
قالدىمۇ ـ يا؟ گەرچە مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى يىللا ئوـ-
قۇغان بولساممۇ، ئەمما كېيىن موماملىڭ ياردىمىدە خېلى كۆپ
خەت ئۆگىنىۋالغان تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگەي ئاپام خۇ
ۋېنشيۇ ياش ۋاقتىدا بىرنەچچە يىل ئوقۇغاچقا خېلى نەرسىلەرنى
ئۆگەتكەن. مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم جىن شياڭدىنمۇ يۇقىرى.
نېمىشقا تىزىملىكتە مېنىڭلا ئىسمىم يوق؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى
ۋە:

— يولداش لۇ مېي ھازىر كەنتتە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى
جىددىي قىياپەتتە.

— يولداش لۇ مېينى گۇەنجىاباۋغا كېتىدىكەن، دەپ ئاڭلاپلا
ئالدىراپ سېنى ئىزدەپ كېلىشىم، — دېدى جىن شياڭ.

لىيۇ خۇلەن دەرھال پاختىنى قورۇغا ئەكىرىۋېتىپ ئالدىرىـ-
غىنىچە جىن شياڭ بىلەن بىللە لۇ مېينى ئىزدەپ ماڭدى.

20 ياشلار چامىسىدىكى لۇ مېي رايونلۇق ئاياللار بىرلەشـ-
مىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇ تېنى ساغلام، خىزمەتتە كەسكىن
بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ يۇنجۇشى كەنتىگە
كەلگەنىدى، يېقىندىن بۇيان بۇ يەردە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەش
داۋامىدا لىيۇ خۇلەن قاتارلىقلار بىلەن ناھايىتى ئوبدان چىقىشىپ

قالغانىدى. ليۇ خۇلەن بىلەن جىن شياڭلار كەلگەن چاغدا لۇ مېي قورۇدا سومكىسىنى ۋېلسىپىتكە باغلاۋاتقاچ يۇ ليەنگە ھە دەپ سۆزلەۋاتاتتى، ئۇ ليۇ خۇلەننىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ:

— ئوقۇشنى تەلەپ قىلمىدىغاندىن يەنە بىرى كەلدىمۇ - نې - مە؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن بىر قالاق، لاياقەتسىز! ئەمما ليۇ خۇلەننىڭ نەرى باشقىلاردىن كەم؟ نېمىشقا ئۇمۇ يوق؟ — دېدى يۇ ليەن بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

— راستىنى ئېيتسام تىزىملىكتە ئەسلىدە سىلەر ئىك - كىڭلارنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى، ئەمما چۈشتىن بۇرۇن كەنت كا - دىرلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلغاندا ھەممەيلەن ئىككىڭلارنىڭ ئا - ئىلىسىنىڭ زادىلا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى، شۇڭا ئىلا - جىسىز سىلەرنى قالدۇرۇۋەتتىم...

— كادىرلار بېكىتىدىغان بولسا قېنى كىمنىڭ ئائىلىسى قوشۇلمايدىكەن؟ — دېدى يۇ ليەن لۇ مېينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— بۇ دېگەن ئۆگىنىش كۇرسىغا بارىدىغان ئىش، بۇيرۇق بىلەن ۋەزىپىگە ئەۋەتىدىغان ئىش ئەمەس - تە؟ — دېدى لۇ مېي.

بىر چەتتە ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان ليۇ خۇلەن بىردىنلا:

— بىز ئىككىمىزنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىشقا شەر - تىمىز زادى توشامدۇ - توشمامدۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ مېيدىن.

— ئەلۋەتتە توشىدۇ، — دېدى لۇ مېي سەممىيلىك بىـ - لەن، — مېنىڭچە مۇنداق قىلايلى،سىلەر قايتىپ ئۆيۈڭلاردىكى - لەر بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىڭلار، ئۇلار قوشۇلىدىغانلا بولسا كەلسەڭلار بولىدۇ. ئۆگۈنلۈككە تىزىمغا ئالدۇرۇڭلار، ئىندىنلىق -

قا دەرس باشلىنىدۇ.

لۇ مېي سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى ۋە گۇەنجياباۋغا مېڭىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى، ئەمدى كېچىكسە بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. ماڭىدىغان چاغدا ئۇ يەنە:

— ئۆيدىكىلەر قوشۇلىدىغانلا بولسا ئىككى كۈن كېچىكىپرەك كەلسەڭلارمۇ بولىدۇ. شۇنداق قىلساققۇ بولار؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

يۇ لىيەن بۇ گەپتىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، — مەن بارمىسام زادىلا بولمايدۇ، ئۆيدىكىلەر قوشۇلسىمۇ، قوشۇلمىسىمۇ بارىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ ئاناڭ يېقىندىلا ئالەمدىن ئۆتتى، ئاتاڭ كېسەل تۇرسا، تاشلاپ كېتەلەمسەن؟ — دېدى لىيۇ خۇلەن.

— تاماق ئېتىدىغان، سۇ ئەكېلىدىغان ئىشلارنى ئىككىنچى يەڭگەم قىلالايدۇ. ئۇلار مېنى بارغىلى قويمىسا ئىككىنچى ئاكامنى ئىزدەپ بارىمەن. ئۇ كۈن بويى سىرتتا ئىنقىلاب قىلىمەن، دەپ ئۆينىڭ ئىشى بىلەن كارى يوق تۇرۇپ مېنى ئىنقىلابقا قاتناشقىلى قويمىسۇنچۇ قېنى، — دېدى يۇ لىيەن ۋە ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى.

يۇ لىيەننىڭ ئىككىنچى ئاكىسى هازىرقى رايون باشلىقى چېن جاۋدې ئىدى.

— سەنمۇ قايتىپ موماڭ بىلەن مەسلىهەتلىشىپ باقامسەن ـ يا؟ — دېدى جىن شياڭ لىيۇ خۇلەنگە.

لىيۇ خۇلەن لام ـ جىم دېمەي ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

— بولمىسا ئاۋۋال ئاتاڭ بىلەن تاغاڭنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى موماڭغا نەسىهەت قىلىشقا كۆندۈرگىن، — دېدى جىن

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com